# بىر نىيەتتە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىلدى، ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى «ھەيۋەتلىك» تۈسكە كىردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئانا، سىزنىڭ قەشقەرىڭىز» دەپ ۋارقىرىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن سوقتى.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دى نا قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ئۇلترا ئاۋازلىق تېببىي ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىدە مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىر يىللىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سەپىرىنى باشلىدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ بىر ياش ئىككى ئايلىق بولغان بالىسىنى ئېمىتىشتىن ئايرىدى.

دەسلەپ قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇ بۇ جاينىڭ داۋالاش سەۋىيەسىنىڭ گۇاڭجوۋنىڭكى بىلەن پەرقىنىڭ چوڭلۇقىنى ھەققىي ھېس قىلدى: تېخنىكىسى ئارقىدا قالغان، ئىختىساسلىقلار كەمچىل، ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالىشى ئىنتايىن چەكلىك... شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى —— يەرلىكتىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىدىيەنى ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايغا ئېلىپ كېلىش. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ جايدا بىر كۈن تۇرىدىكەنمەن، بىر كۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن».

بۇمۇ يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئىز قالدۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەربىر كادىرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

2011 ـ يىلى، ئەينى چاغدىكى نەنجىڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋەن چاۋلىن مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تاللاپ ئەۋەتكەن 7 ـ تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىر سۈپىتىدە شىنجاڭغا كەلدى. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇنىڭ ئۇستازى، نەنجىڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى فەن جىنمىن مۇنداق دېدى: «مەن سىزنىڭ بېرىشىڭىزنى قوللايمەن، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى بولمىسا، بىز شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىنچلىق تەنتەنىسىمۇ بولمايدۇ».

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى مەزگىلىدە، ۋەن چاۋلىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «بىڭتۈەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەش تەتقىقات مەركىزى» «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تەتقىقات مەركىزى» «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى ئارخىپلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە رەتلەش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى پىلانلاپ تۈرغۇزۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ بۇ تۈردىكى تېما تەتقىقاتى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. 2017 ـ يىلى، ۋەن چاۋلىن نەنجىڭ داشۆسىگە قايتىشتىن ۋاز كېچىپ، تارىم داشۆسىگە رەسمىي يۆتكىلىپ كېلىپ، مەكتەپ مۇدىرى ياردەمچىسى بولۇپ، ئائىلىسىنى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ماكانلاشتۇرۇشنى تاللىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى تەتقىقاتنى ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن قىلاتتىم، شىنجاڭدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، شىنجاڭدا تۇرغاندىلا، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ».

تۈركۈم ـ تۈركۈم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار تۈمەن چاقىرىملىق چېگرا رايوندا تەر تۆكۈپ، كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ قالتىس يۈگمە رەسمىنى قالدۇردى. خېنەندىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر لىۋ جىخۇەي ئۇدا ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كېلىپ، توققۇز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان «رەقەملەشكەن مەكتەپ ھويلىسى»نى قۇرۇپ چىقتى ھەم قومۇل بويىچە تۇنجى كەسپلەر تەتقىقات يۇرتىنى قۇرۇپ چىقتى؛ تيەنجىن شەھىرىدىن 9 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر شى شىملىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيانقى 581 كۈندە، كېرىيە ناھىيەسىدىكى 100دىن ئارتۇق كەنتتە ئاياغ ئىزىنى قالدۇرۇپ، تاكى ھاياتى ئاخىرلاشقىچە شۇ جاينىڭ خېرىدار چاقىرىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئاممىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى.

ئون يىل جەريانىدا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە جەمئىي 120 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كادىرلار، ئىختىساسلىقلاردىن 17 مىڭ 500 ئادەم قېتىم تاللاپ ئەۋەتىلدى، يۇمشاق ئۇسۇلدا كىرگۈزۈلگەن ئىختىساسلىقلار تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم قېتىم بولدى. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەقىل ـ پاراستىنى بېغىشلىغان، ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە قۇدرىتىنى ھەققىي ھېس قىلدۇردى، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولۇش ئىرادىسىنى ھېس قىلدۇردى.

## شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇش

### ھەر مىللەت ئاممىسى تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشتى

بۈگۈنكى كۈندە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كونا شەھەر ناھىيەسى ئوغۇساق بازىرىنىڭ 7 ـ كەنتىگە كىرسىڭىز، ئىلگىرىكى «ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۈستىبېشى توپىغا مىلىنىپ كېتىدىغان، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئاياغلار پاتقاققا مىلىنىپ كېتىدىغان» قۇم ـ توپا يوللارنىڭ ئورنىنى ئاسفالت يوللارنىڭ ئالغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. ئاسفالت يولدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گۇاڭدۇڭنىڭ قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىپ قوللىشى بىلەن، كەنتتە مەدەنىيەت مەيدانى، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، خەلققە قولاي تاللا بازىرى تولۇق يۈرۈشلەشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئۆيلىرىدە سۇ، توك، پار، گاز، ھاجەتخانىنىڭ ھەممىسى تەل بولدى.

«ھازىرقى ئۆيلەر يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق بولۇپ يەنە يامغۇر ئۆتمەيدۇ، قىشتا تەبىئىي گاز بار، ھاجەتخانا ئۆينىڭ ئىچىدىلا، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۇرمۇشىمىزنى لەززەتكە تولدۇردى» دېدى ئوغۇساق بازىرى 7 ـ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرېشىت مەمەت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

خەلق تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا ئاندىن ئەلرايىنى مايىل قىلغىلى بولىدۇ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ %70تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ %80تىن كۆپرەكى ناھىيە (شەھەر) ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلامغا ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى بىلەن بىخەتەر ئىچىملىك سۇ، داۋالاش ـ سەھىيە قاتارلىق تۈركۈم ـ تۈركۈم ئاممىۋى ئەسلىھە تۈرلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 10 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى مەنپەئەتلەندى. ئاسفالت يول، مەكتەپ، مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلار شىنجاڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەنتلەرنىڭ «ئۆلچەملىك سەپلىمە»سى بولۇپ قالدى.

ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارغا سالدى. شىنجاڭنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى كۈنسېرى كۈچەيدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئېغىر نامرات رايون، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى كۆپ. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «قان بېرىش»تىن «قان ئىشلەش»كە يۈزلەندى، ئىلغار ئىدىيە، باشقۇرۇش ئەندىزىسى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكا ـ ماھارەتلەرنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى، توقۇمىچىلىق ئىشچىسى، قۇراشتۇرۇش تېخنىكا ئىشچىسى، تور ئېلېكترونلۇق سودىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى كەسىپ، يېڭى ئىش تۈرلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا تەدرىجىي كۆپلەپ بارلىققا كەلدى.

قەشقەر شېنجېن كەسپلەر باغچىسىدا 382 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يورۇق، ئازادە بولغان ئۆلچەملىك زاۋۇت ئۆيلىرى چۆل ـ جەزىرىدە قەد كۆتۈردى، شېنجېن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە 83 كارخانىنى كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى 13 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى. بەش يىلدا توقۇمىچىلىق ئىشچىسىدىن زاۋۇت باشلىقى ياردەمچىسىگە ئۆسكەن ئاينۇر ئىمام مۇنداق دېدى: «ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا قۇرۇلغان زاۋۇت تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى، مېنى ئائىلە ئايالىدىن كارخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندۇردى».

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋالاش بايلىقى كەمچىل بولۇپ، «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش»نى ھەل قىلىش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جىددىي تەقەززاسى ئىدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ قوللىشىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئېغىر كېسەللەر ناھىيەدىن چىقماسلىق، ئادەتتىكى كېسەللەر يېزىدىن چىقماسلىق» تەسەۋۋۇرى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، جياڭسۇ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆلكە قارمىقىدىكى 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىكى داۋالاش تايانچلىرىنى تاللاپ ئۆمەك تەشكىللەپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق (قىسقارتىلىپ «قىزىلسۇ ئوبلاستى» دېيىلىدۇ) خەلق دوختۇرخانىسىغا ياردەم بېرىشكە نەچچە تۈركۈم ئەۋەتىپ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق قەلبىنۇر جياڭسۇ ئۆمەك تەشكىللەپ داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە يولغا قويغان «قەلب ئىللىتىش پىلانى»نىڭ 121 ـ مەنپەئەتلەنگۈچىسى. يېقىندا، ئۇ ئېغىر كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ شۇ جايدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، كۆپ ئىچكى ئەزاسىنىڭ ئىقتىدارى زەئىپلەشكەنىدى. جىددىي پەيتتە، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى جياڭسۇ ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى توققۇز دوختۇرخانىدىن 40 نەچچە مۇتەخەسسىسنى جىددىي يۆتكەپ، ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى تېببىي تەسۋىر دىياگنوزى چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قۇرۇش ئارقىلىق، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ گۇاڭدۇڭدىكى 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى داۋالاش قوشۇنىنىڭ ھەمكارلىشىپ بىرلەشمە دىياگنوز قويۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، ھەرقايسى يېزىلاردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئۇچۇرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر «يۇقىرى سۈرئەتلىك يول» بەرپا قىلدى.

مائارىپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئۇل تېشى. 2010 ـ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر مائارىپقا جەمئىي 20 مىليارد 559 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قوش تىل يەسلىسى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى قاتارلىقلاردىن 1700دىن ئارتۇقنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇشنى قوللاپ، قوش تىل مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپنى پائال ئالغا سىلجىتتى.

نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات خىزمەت تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى مۇكەممەل بولماسلىق، دۆلەت ئورتاق تىلدا دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار سانى يېتەرلىك بولماسلىق، مائارىپ سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، شەندۇڭ 2018 ـ يىلى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان «يۈز، مىڭ، ئون مىڭ» قۇرۇلۇشىنى ئىجادىي يولغا قويدى: شەندۇڭدىكى 100 مەكتەپ ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى 100 مەكتەپ بىلەن قوشماقلىشىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش؛ ئۈچ يىل ئىچىدە شەندۇڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈرى بويىچە قەشقەردىن 1000 ئوقۇغۇچىنى نىشانلىق قوبۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ بېرىش؛ تاللاپ ئەۋەتىش ۋە توردا تەربىيەلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۈچ يىل ئىچىدە شەندۇڭدىكى 10 مىڭ ئوقۇتقۇچىنى قەشقەرگە مائارىپقا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەش، نۆۋەتتە نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى 7000دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيەلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى «ئىككى كارىدور، بىر چەمبىرەك» بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشتىكى ھەمكارلىقنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئەمەلىي ھەمكارلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق ۋەزىيىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ئەلئارا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇق مەشئىلىنى يەتكۈزۈش كېرەك. ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ھەقىقىي تۈردە جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق دېڭىز تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. خەلقئارا ئىشلاردىكى ماسلاشتۇرۇش ـ ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ھەمكارلىقى ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىش، دۆلەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ۋيېتنام پارلامېنتىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ھەمتۈرتكە بولۇشى كۆپىيىپ، ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تەپەككۇر يولى ئاچتى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئەلرايىنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆپرەك خىزمەت ئىشلەپ، جۇڭگو ـ ۋيېتنام مۇناسىۋىتىنىڭ ئەلرايى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رۇەنشى جىنيىن باش شۇجى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجۇڭنىڭ شى جىنپىڭغا يوللىغان سەممىي سالىمى ۋە ياخشى تىلىكىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى، دۆلىتى، خەلقى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ ئىلگىرى بەرگەن ھەم ھازىر بېرىۋاتقان قىممەتلىك مەدەتتى ۋە ياردىمىنى ئەستە چىڭ ساقلايدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ چوقۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن مۇھىم تەرەققىيات نىشانىنى تاماملىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ۋيېتنام تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ھاسىل قىلغان ئىستراتېگىيەلىك ئورتاق تونۇشنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىدا داۋاملىق، قەتئىي تۈردە ئۆزئارا قوللاپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىلاپنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ۋيېتنام ـ جۇڭگونىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ۋاڭ چېن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

## قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئۆتۈش

### ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش كۈنسېرى قويۇقلاشتى

«مېنىڭ خۇنەنلىك بىر ياخشى دادام بار. چۈنكى ئۇ ماڭا دادا مېھرىنى قايتا ھېس قىلدۇردى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى قەلبىمگە ئىللىقلىق ئاتا قىلدى.» بۇ، شىنجاڭ تۇرپان شەھىرى پىچان ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى زۆبەيدە ئىمىرنىڭ يۈرەك ساداسى.

ئۇ ئېيتقان «خۇنەنلىك ياخشى دادا» دەل خۇنەندىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، پىچان ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يىن لىشىن. 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، «دادا ـ قىز» ئىككىيلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. زۆبەيدە ئىمىرنىڭ ئانىسىنىڭ ئىككى بالىنى يالغۇز بېقىۋاتقانلىقىنى، مۇقىم كىرىم مەنبەسىنىڭ يوقلۇقى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يىن لىشىن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، زۆبەيدە ئىمىر ئائىلىسىگە دائىم گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم چوڭ بايراملاردا، ئۇ يەنە زۆبەيدە ئىمىر ئائىلىسىگە ھال سوراش پۇلى ئاپىرىپ بەردى. يىن لىشىننىڭ خوتۇنى ھەر قېتىم ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ خوتۇنىدىن خۇنەندىكى يۇرتىدىن باللارغا يېڭى كىيىم سېتىۋېلىپ ئالغاچ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. يىن لىشىننىڭ بەش يىل ئۇدا مېھىر ـ شەپقەتلىك ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى بىلەن، زۆبەيدە ئىمىر ئائىلىسىدىكىلەر ئىقتىسادتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بولدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەر بىلەن قوشماقلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى؛ مائارىپقا ياردەم بېرىش ئۆمىكى، مەدەنىيەت ئۆمىكى، داۋالاش ئەترىتى، دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى ئەترىتى قاتارلىق ياردەم بېرىش قوشۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەۋەتتى؛ نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى كادىرلار، دوختۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ئۆزئارا يېقىنلىشىش جەريانىدا، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش كۈنسېرى قويۇقلاشتى، ھېسسىياتى كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى.

«مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش شىنجاڭ رايون ئىچىدىكى ئىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭ بىلەن باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ھەر مىللەت ئامما ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى بىرتۇتاش پىلانلاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.» شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ قاراش شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان نۇرغۇن كادىرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى.

غەربىي شىمالدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان شىنجاڭ بىلەن شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى فۇجيەننىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پۇرسىتىدە، ئىككى جايدىكى كەنتلەر ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «تۇغقان» بولالىغانلىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئەرشىلدەن بازىرى ئەرشىلدەن كەنتى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى نۇقتىلىق بەرپا قىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قىزىل ساياھەتتىكى «داڭلىق جاي» فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ نىڭدې شەھىرى شۇۋنىڭ ناھىيەسى شياداڭ يېزىسى شياداڭ كەنتى بىلەن پارتىيە ياچېيكىلىرى قوشماقلىشىپ ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىدى.

بۇ يىل 6 ـ ئايدا، ئەرشىلدەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەركىن نىياز كەنت ئاھالىسى ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئالايىتەن شياداڭ كەنتىگە بېرىپ تۇغقانلىشىپ، قوشماقلىشىپ، كەنت دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرى، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. ئەركىن نىياز مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئەرشىلدەن كەنتى قۇدۇقنىڭ تېگىدە تۇرۇپ ئالەمنى كۆزىتىدىغان ئەرشىلدەن ئىدى، شياداڭ كەنتى بىلەن قوشماقلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قانداق بېيىغانلىقىنى كۆرۈپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كاللىسى ئېچىلدى، بېيىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ ئېنىق بولدى، ئىشەنچىسى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلئارا ئالماشتۇرۇشمۇ كۈنسېرى كۆپەيدى:

—— ليائونىڭ ئۇدا بەش يىل ليائونىڭ·شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر قول تۇتۇشۇش يازلىق(قىشلىق) لاگېر پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ليائونىڭدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىلەن زىيارەت قىلىپ ئوقۇش، ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

—— جېجياڭ «تۈمەنلىگەن مىكرو ئارزۇنى يورۇتۇش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى توپلىدى، جېجياڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۈستىگە ئېلىپ نەقلەشتۈرۈپ، ياردەم بەرگۈچى ۋە ياردەمگە ئېرىشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ قەلبلىرىنى تۇتاشتۇرۇش كۆۋرۈكىنى سالدى.

—— گۇاڭدۇڭ قەشقەردە كۆپ مەيدان ئەجدىھا ئۇسسۇلى، شىر ئۇسسۇلى ئويۇنى قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، پائالىيەتكە بىۋاستە قاتناشقانلار 3000دىن ئاشتى.

—— بېيجىڭ «مېنىڭ بېيجىڭدا بىر ئائىلەم بار» پائالىيىتىنى يولغا قويدى، نۆۋەتتە بېيجىڭدىكى 700 جۈپكە يېقىن ئاتا ـ ئانا خوتەندىكى بالىلار بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 ـ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر جەمئىي 3 مىليارد 789 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۈرلۈك ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى 15 مىڭ مەيدان قېتىمغا يېقىن تەشكىللەپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان ۋە ياردەم بېرىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك ئالاقىلىشىشى ۋە ئالماشتۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئورتاقلىقى، مەدەنىيەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئارىلىشىشىنى كۈچەيتكەن.

ئون يىلدا، پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، تارىم دەرياسى ۋادىسىدىن ئالتاي تېغى ئېتىكىگىچە، پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ پۇقرالار دائىم غەم قىلىدىغان مەسىلىلەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ ياردىمىدە ھەل بولدى؛ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار بىلەن نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن بولۇشتەك تەسىرلىك ھېكايىلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىغا ئويۇلغان بىر پارچە مېھىر ـ مۇھەببەت ئىسىم كارتىسىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاققا ئايلاندى. **(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**